# چاڭجېڭ 5 - نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

چاڭجېڭ 5 - نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇش ۋەزىپىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى بوشلۇق پونكىتى باسقۇچى ئۇچۇش ۋەزىپىسىنىڭ تۇنجى جېڭىدە غەلىبە قازانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىنىڭ 3 - قەدەم تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى.

بۇ، قۇرۇلۇش پۈتۈن سېپى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش يولىدا مېڭىپ، تىرىشىپ ئالەم قاتنىشى كۈچلۈك دۆلىتى ۋە دۇنياۋى پەن - تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، جەزمەن پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى «تۆت ئاڭ»نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ جۇڭگو ئارزۇسى ۋە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

سىلەر پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قالتىس تۆھپە قوشتۇڭلار، ۋەتەن ۋە خەلق سىلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ!

بىپايان ئالەم بوشلۇقى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ چېكى يوق، پەن - تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىنىڭ داۋاملاشما ۋەزىپىسى مۈشكۈل، ئېغىر، دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ۋە سىناق كەسكىن، مۇرەككەپ. سىلەرنىڭ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» روھى ۋە ئادەملىك ئالەم قاتنىشى روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئالەم قاتنىشى ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز!

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى**
**گوۋۇيۈەن**
**مەركىزىي ھەربىي كومىتېت**
2020 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيەگە ئىگە بوشلۇق پونكىتى قۇرۇپ، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولۇش، ئۇزاققىچە قارايدىغان ئادەم بار بولۇشتەك بوشلۇقتىن ئەمەلىي پايدىلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىدىكى «ئۈچ قەدەملىك مېڭىش» تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ 3 - قەدەم ۋەزىپە - نىشانى. تونۇشتۇرۇلۇشچە، چاڭجېڭ 5 - نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى راكېتانىڭ ئومۇمىي لايىھەسى، ھەرقايسى تارماق سىستېمىلارنىڭ لايىھەسىنىڭ توغرىلىقى، ماسلىشىشچانلىقىنى دەللىلەپ، چوڭ ئۆلچەملىك ھاۋا ئېقىمىنى تەڭشەش قاپقىقىنى ئايرىش تېخنىكىسى، چوڭ دىيامېتىرلىق بۆلۈمچە - راكېتانى تۇتاشتۇرۇش - ئايرىش تېخنىكىسى، زور ئىتتىرىش كۈچى بىلەن بىۋاستە ئوربىتىغا كىرگۈزۈش ئېغىش پەرقىنى دەل كونترول قىلىش تېخنىكىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى تېخنىكىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بوشلۇق پونكىتىنى ئوربىتىدا قۇرۇش ۋەزىپىسى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سالغان.

بۇ قېتىمقى ۋەزىپە دەل يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ھە دەپ يامرىغان پەيتكە توغرا كەلگەن بولۇپ، قۇرۇلۇش پۈتۈن سېپى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يىپىق ھالەتتە باشقۇرۇش، يىراق مۇساپىلىك دىياگنوز قويۇش، پۈتۈن سىستېما بويىچە ماسلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خادىملار كۆلىمىنى ئىخچاملاپ، ئۆلچەش - سىناش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئالدى، تىزگىنلىدى. چاڭجېڭ 7 - نومۇر A تىپلىق ۋە چاڭجېڭ 3 - نومۇر B تىپلىق توشۇغۇچى راكېتانى قويۇپ بېرىش مەغلۇبىيىتى ئېلىپ كەلگەن كەسكىن سىناق ئالدىدا، قۇرۇلۇش پۈتۈن سېپى سۈپەتنى تەرتىپكە سېلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كاشىلىنى ئايرىش ۋە بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملىدى. بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنىڭ تەييارلىق مەزگىلىدە يۈزبەرگەن سۈپەت مەسىلىسىگە قارىتا، «قوش بەش ماددا» بويىچە تۈگىتىش ئۆلچىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھەم تېخنىكا مەسىلىسىنى تۈگىتىشنى تۇتۇپ، ھەم ئىدىيەۋى مەسىلىنى تۈگىتىشنى تۇتۇپ، ھەم مۇتەخەسسىسلەر لۇشيەندە مېڭىپ، ھەم ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، ھەم تېخنىكىنى ياخشىلاش، ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەزىپىنىڭ سۈرئىتى بىلەن سۈپىتىنىڭ ئورگانىك بىرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

1992 - يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىدا «ئۈچ قەدەملىك مېڭىش» تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 20 نەچچە يىل مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىش ۋە داۋاملىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 16 قېتىم مۇھىم، زور ئۇچۇش ۋەزىپىسى تەشكىللەپ يولغا قويۇلۇپ، 11 ئالەم ئۇچقۇچىسى جەمئىي 14 ئادەم قېتىم ئالەم بوشلۇقىدا ئۇچۇش ۋە بىخەتەر قايتىپ كېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، 1 - قەدەم، 2 - قەدەمدىكى بارلىق بېكىتىلگەن ۋەزىپىلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى.

بۇ قېتىم قويۇپ بېرىلگەن توشۇغۇچى راكېتا ھەم ئېلىپ ماڭغان سىناق ئالەم كېمىسى ۋە سىناق بۆلمىسىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىگە قاراشلىق جۇڭگو توشۇغۇچى راكېتا تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتى ۋە جۇڭگو بوشلۇق تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكا سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىگە قاراشلىق 2 - تەتقىقات يۇرتى باش بولۇپ تەتقىق قىلىپ ياسىغان.

بۇ، چاڭجېڭ يۈرۈشلۈك توشۇغۇچى راكېتاسىنىڭ 331 - قېتىملىق ئۇچۇشى ھېسابلىنىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

پىلان بويىچە، دۆلىتىمىزنىڭ بوشلۇق پونكىتى 2022 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە قۇرۇلىدىكەن، جەمئىي 12 قېتىملىق ئۇچۇش ۋەزىپىسى پىلانلانغان. جى چىمىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى ۋەزىپىدىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تيەنخې يادرولۇق بۆلۈمچىسى، ۋېنتيەن تەجرىبە بۆلۈمچىسى ۋە مېڭتيەن تەجرىبە بۆلۈمچىسى قويۇپ بېرىلىپ، بوشلۇق پونكىتى ئاساسىي قۇرۇلمىسى ئوربىتىدا قۇراشتۇرۇلۇپ قۇرۇلىدۇ؛ بۇ مەزگىلدە، شېنجوۇ ئادەملىك ئالەم كېمىسىدىن تۆتنى ۋە تيەنجوۋ يۈك توشۇغۇچى ئالەم كېمىسىدىن تۆتنى قويۇپ بېرىپ، ئالەم ئۇچقۇچىلىرى گۇرۇپپىسىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مال تولۇقلاپ بېرىش پىلانلاندى.

ھازىر، دۆلىتىمىزنىڭ بوشلۇق پونكىتى يادرولۇق بۆلۈمچىسىنىڭ رەسمىي مەھسۇلات ئومۇمىي قۇرۇلمىسى تاماملاندى، ۋېنتيەن تەجرىبە بۆلۈمچىسى ۋە مېڭتيەن تەجرىبە بۆلۈمچىسىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ، بوشلۇق ئىلمى ۋە ئەمەلىي قوللىنىش يۈك كۆتۈرۈشچانلىقى ئارقا - ئارقىدىن رەسمىي تەتقىق قىلىپ ياساش باسقۇچىغا كىردى. جى چىمىڭ مۇنداق دېدى: «بوشلۇق پونكىتىنى قۇرۇش باسقۇچىدا تۆت قېتىملىق ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان ئالەم ئۇچقۇچىلىرى گۇرۇپپىسى تاللاپ بېكىتىلدى، مەشىق ۋەزىپىسىنى قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ.» جى چىمىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىزنىڭ 3 - تۈركۈمدىكى زاپاس ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنى تاللاش خىزمىتىمۇ بۇ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاماملىنىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يادرولۇق كارخانىلارنىڭ ئىناۋىتىگە تايىنىپ، تەمىنلەش زەنجىرىدىكى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى پائال كېڭەيتىپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجىنى يۇقىرى ئۈنۈمدە قاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى يەنە تاشقى سودا كارخانىلىرىنى مەخسۇس مۇلازىمەت ئېتىبارى، قولايلىق بولغان تور پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى ھەم كەسپىي تاشقى پېرېۋوت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھەر دەرىجىلىك سودىغا مەسئۇل تارماقلار سودا ساھەسىدىكى نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ ۋە توپلاپ، تاشقى سودىغا دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ھەم داۋاملاشما ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماس تۈرتكە بولۇشى كېرەك. نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەۋەلىك رايوندىكى تاشقى سودا كارخانىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ياردەم بېرىپ - يۆلەپ، تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇ يىللىق تاشقى سودا تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تاماملاش كېرەك.

جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى سودا - بانكا بۆلۈمىنىڭ باش دىرېكتورى مەي چۇنخۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: 4 - ئاينىڭ بېشىدىن 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى تاشقى سودا كارخانىلىرىغا قارىتا كۆپ تۈرلۈك ھەقنى ئازايتىپ، پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويىدۇ ھەم يەر شارىۋىلىشىش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ چېگرا ھالقىغان كەسپى، ئىمپورت - ئېكسپورت كەسپى ئېھتىياجىغا تېزدىن ماسلىشىپ، يېشىل يول ئېچىپ بېرىپ، كارخانىلارنىڭ تۈرلۈك جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى سېتىۋېلىش پۇل مۇئامىلە يوللىرىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوتتۇرا، كىچىك ئېكسپورت كارخانىلىرى، پۇقراۋى كارخانىلارنى ئىناۋەت كاپالىتى بويىچە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مەددىتى بىلەن ئالدىن تەمىنلەيدۇ.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سودا ساھەسىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەر يەنە مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن: مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، تاشقى سودا ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش؛ يۇقىرىغا قارىتىلغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشەنچىنى مۇقىملاشتۇرۇش؛ ئەلالىرىنى يۆلەش، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش، نۇقتىلىقلىرىنى يۆلەشتە چىڭ تۇرۇپ، سىرتقا يۈزلەنگەن كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش؛ تاشقى سودا يېڭى كەسىپ ھالىتىنى پائال يېتىلدۈرۈش؛ سودا تەڭپۇڭلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىمپورتنى پائال كېڭەيتىش؛ چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىنىڭ ئىشىنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى قوللاش؛ چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىنىڭ ئىشەنچىنى مۇقىملاشتۇرۇش؛ تاشقى مەبلەغ چوڭ تۈرلىرىگە ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچەيتىش؛ تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرىدىغان سىياسەت چىقىرىش؛ كارخانىلار ئۈچۈن ياخشى سودا مۇھىتى يارىتىپ بېرىش؛ «بىر بەلباغ، بىر يول» نۇقتىلىق تۈرلىرىگە سودىگەر چاقىرىش ھەم جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىقلار.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يەنە كېلىپ ساياھەتچىلەر ئالدىن كېلىشىپ راست نام تۈزۈمى بىلەن بېلەت سېتىۋالىدى، ساياھەتچى ئېقىمى ئىلمىي تىزگىنلەندى... «1 - ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، زور تۈركۈمدىكى ساياھەتچىلەر قاناس مەنزىرە رايونىغا كەلدى، تەرتىپ رەتلىك بولدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرماي قاتتىق تۇتۇش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ساياھەت بازىرىنى قوزغىتىشنى تېزلىتىشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرغان پرىنسىپ بولدى.

ئالتاي ۋىلايىتى مەنزىرە رايونلىرىدا «چەك قويۇپ ئېچىۋېتىش، ئالدىن كېلىشىپ ئېچىۋېتىش، تەرتىپلىك ئېچىۋېتىش، ئارىلىق قالدۇرۇپ كىرىش، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ساياھەت قىلىش» قاتارلىق تەدبىرلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، مەنزىرە رايوندىكى ساياھەتچىلەرنىڭ سانىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، بارلىق مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ساياھەتچى كۈتۈۋېلىش مىقدارىنى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ سىغدۇرۇش مىقدارىنىڭ 30%دىن ئاشۇرۇۋەتمىدى؛ نۇقتىلىق رايونلار ۋە مۇھىم تۈگۈنلەرنى باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئالدىن كېلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇپ، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ساياھەتچى ئېقىمىنى مۇۋاپىق تىزگىنلىدى.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بارلىق مەنزىرە رايونلىرىدىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى ھەم پۈتۈن ئوبلاستىكى 29 مەنزىرە رايونىنىڭ كىرىش - چىقىش ئېغىزى، بېلەت سېتىش ئورنىدا ئاۋازلىق ئەسكەرتمە مۇلازىمىتى تەسىس قىلىپ، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ساياھەتچى ئېقىمىغا چەك قويۇش تەدبىرلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى ئارىلىق قالدۇرۇپ كىرىشكە، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ساياھەت قىلىشقا يېتەكلىدى.

خوتەن ۋىلايىتى بارلىق مەنزىرە رايونى، مەنزىرە نۇقتىسى، دېھقانلار ئارامگاھى، ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملىرىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بويىچە تولۇق تەربىيەلىدى، مەنزىرە رايونى، مەنزىرە نۇقتىسى، دېھقانلار ئارامگاھى، مېھمانخانا، مېھمانساراي قاتارلىق نۇقتىلىق سورۇنلاردىكى ھاجەتخانا، ئاشخانا، ئايرىمخانا، ئېكسكۇرسىيە ئاپتوموبىلى، سەيلە كېمىسى قاتارلىقلارنى ھەر كۈنى دېزىنفېكسىيەلەش ۋە تېزىملاشنى ياخشى قىلىپ، تەدبىر قوللىنىپ ساياھەتچىلەرنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن ساقلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى ھەم ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تارماقلىرى دەم ئېلىش مەزگىلىدە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرىدا تەكشۈرۈپ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتتە ساياھەتچىلىكنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈردى.

## شەكلى كۆپ خىل بولدى، ساياھەتچىلەرنىڭ تەسراتى ياخشى بولدى

«1 - ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر «ھەرىكەتكە كەلدى» «جانلىنىپ كەتتى»: بورتالا شەھىرىدىكى كەپىلىڭ كۆلىدە يارقىن چىراغ نۇرلىرى كېچە ئاسمىنىنى يورۇتتى، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ساياھەتچىلەر قەدەملىرىنى توختىتىپ بەس - بەستە سۈرەتكە چۈشتى؛ سايرام كۆلى مەنزىرە رايونىدا ساياھەتچىلەر ئېگىز تاغ كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىپ، كارتىڭ ئاپتوموبىلىنى دالىدا ھەيدەش، ھەسەن - ھۈسەن سىيرىلما يولى قاتارلىق كۆپ خىل پائالىيەتلەرگە قاتناشتى؛ جىڭ ناھىيەسى تودوگ بازىرى مۇتتار قۇملۇقىدا بىپايان قۇم دېڭىزى، مىڭ يىل قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توغراقلىق ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش ھەۋەسكارلىرىنى جەلپ قىلدى.

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار يېزا - كەنت ساياھىتى، ئائىلىۋى ساياھەت، چېچەك سەيلىسى، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش قاتارلىقلارنى يولغا قويدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە ساياھەتچىلەر شىنجاڭ قەدىمىي ئېكولوگىيە باغچىسىغا بېرىپ چەۋەندازلىق ئويۇنى كۆرۈش، شېنمۇيۈەن مەنزىرە رايونىدا چەۋەندازلىق ئويۇنى ۋە چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى كۆرۈش، قار - مۇز بازىرى دالا كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشىغا قاتنىشىش قاتارلىقلارنى تاللاپ ساياھەت قىلدى؛ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا «باھاردا سانجىغا كېلىپ كۆكلەم سەيلىسى قىلىڭ» «گۈلنىڭ خۇش پۇراق ھىدى تىڭجوۋنى قاپلىدى» «لەگلەك ئۇسسۇلى كۆك ئاسمان ئارزۇسى» لەگلەك بايرىمى، «شىنجاڭنى سۆيۈش. يۇرتنى ساياھەت قىلىش» بويىچە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ تىيانشاننى ساياھەت قىلىش، مەدەنىيەت كۆرىكىنى مەنزىرە رايونىغا كىرگۈزۈش قاتارلىق يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەر ساياھەتچىلەرنى تېخىمۇ كۆپ تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛ ئالتاي ۋىلايىتىدە ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر خاسلىقى روشەن پائالىيەتلەرنى يولغا قويدى، ئەڭ ياقتۇرۇشقا ئېرىشكىنى «99 يۈەن بىلەن يۇرتنى ساياھەت قىلىش» پائالىيىتى بولدى، «قاناس قۇم ئىككى كۈنلۈك ساياھىتى» «كۆكتوقاي ئىككى كۈنلۈك ساياھىتى» «جىمىنەي ئوتلاق تاش شەھىرى بىر كۈنلۈك ساياھىتى» «بۇرچىن بىر كۈنلۈك ساياھىتى» «قابا ئاق قېيىن ئورمانلىقى بىر كۈنلۈك ساياھىتى» قاتارلىق لىنىيەلەر ساياھەتچىلەرنىڭ ئالدىنقى تاللىشىغا ئايلاندى...

## تەدبىر ئەمەلىي بولدى، ساياھەتچىلىك پۇختا ئەسلىگە كەلدى

«1 - ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۈتۈۋالغان ساياھەتچى سانى، ساياھەت ئومۇمىي ئىستېمالى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاناس مەنزىرە رايونى، كۆكتوقاي مەنزىرە رايونىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئاشتى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، چېتىشلىق مەبلەغ 200 مىليون يۈەنگە يېتىدىغان ئون چوڭ ئېتىبار بېرىش تەدبىرى ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويۇلۇپ، زور تۈركۈم ساياھەتچى جەلپ قىلىنىپ، شۇ جايىنىڭ «تىرىشىپ 200 مىليون يۈەن سىياسەت مەبلىغى تولۇقلىما ياردىمى ئارقىلىق 30 مىليارد يۈەن ساياھەت ئىستېمالىنى قوزغىتىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش قىلىندى.

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار مەبلەغ سېلىپ شىنجاڭ ئىچى ساياھەت بازىرىغا تۈرتكە بولماقتا. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئىككى قارارغا بۆلۈپ 220 مىليون يۈەنلىك مەدەنىيەت ساياھەت ئىستېمال بېلىتى تارقاتتى؛ 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ 3 - قارارلىق ساياھەت ئىستېمال بېلىتى تارقىتىلىپ، يېرىم سائەت ئىچىدىلا تۈگەپ بولدى.

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ساياھەتچىلىكى پۇختا ئەسلىگە كەلمەكتە. بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ يېزا - كەنت ساياھىتى تېز ئەسلىگە كەلدى، كورلا شەھىرى ئاۋات يېزىسى مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەزىلىك يېمەك - ئىچمەك تەسىرات كوچىسى، باغراش ناھىيەسى تاۋۇن جۆگۈن يېزىسى گۈل دېڭىزى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى بورقاي يېزىسى مىللىي ئۆرپ - ئادەت تەسىراتى ۋە شىگشىن بازىرى خوراتاغ كەنتىنىڭ چىراغ بايرىمى، لوپنۇر ناھىيەسى شىڭپىڭ بازىرى داشى كەنتىنىڭ لوپنۇر تەمى كوچىسى قاتارلىقلار يېزا - كەنت ساياھىتىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلانماقتا، كورلا تەنتەربىيە باغچىسى، ئاق قۇ دەرياسى مەنزىرە رايونىغا ھەر كۈنى كېلىدىغان ساياھەتچىلەر 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، لوپنۇر ناھىيەسىدىكى لوپنۇرلۇقلار كەنتى مەنزىرە رايونى، دۆڭقوتان يېزىسى خوئىرجا كەنتى ساياھەت بازىرى، گۈلباغ يېزىسى گۈلخان كەچلىك بازىرى قاتارلىقلارمۇ زور تۈركۈم ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.